# 136774 - ئىمتىھاندىن كۆچۈرگەن ئۆتكەن بولسا، )ئاللاھ ئۇنى ساقلاپ قاپتۇ( كىيىن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك بولامدۇ؟.

### سۇئال

بىر قانچە كۈن ئىلگىرى بىزنىڭ بىر ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرىپ دەرسنى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، ئىمتىھان قەغەزلىرىمىزنى تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئىمتىھاندا كۆز بويامچىلىق قىلغان ياكى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىشىغا ياردەم بەرگەنلەرگە مۇنداق دەپ بەددۇئا قىلدى: "ئاللاھ تائالا ئۇنداق ئوقۇغۇچىنى ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلغاي، ئۇنىڭ ئالى مەكتەپكە كىرىدىغان يولىنى توسۇپ قويغاي، ئالى مەكتەپكە كىرسە ئۇنىڭ ۋاقتى ۋە بىلىمگە بەرىكەت بەرمىگەي دەپ ئوقۇغۇچىنىڭ كەلگۈسىگە ئالاقىدار بولغان ئىشلىرىنىڭ روناق تاپماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە قىيامەت كۈنىدە بىز كەچۈرمەيمىز دېدى، مېنىڭ ئىمتىھاندا كۆز بويامچىلىق قىلماسلىقىم ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەققىمۇ؟، مەن ئاخىرىقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتىمەن، مەن ئىلگىرى بۇ يەندە ھېچ كۆچۈرۈپ باقمىدىم، پەقەت بىرقېتىم سىنىپتىكى ساۋاقدىشىمدىن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ يازدىم، مەن كۆز بويامچىلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەكمۇ؟، ئاللاھ مېنى ساقلىغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ رەسۋا قىلاي؟!!، مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، مېنىڭ ئارزۇيۇم ئالى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئىدى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

ئىمتىھاندا بولسۇن ياكى باشقا ئىشلاردا بولسۇن كۆز بويامچىلىق قىلىش ھارامدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆز بويامچىلىق قىلغان كىشى مەندىن ئەمەس (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئەمەس)» [مۇسلىم رىۋايىتى 101-ھەدىس].

بۇنداق ئىشنى سادىر قىلغان كىشى ئاللاھقا تەۋبە قىلسۇن، ئىش كەچكەندىن كىيىن ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ياپقان ئىشنى يېپىپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، بۇنداق ئىشنى قايتا تەكرارلىماسلىق ئىرادىسىگە كېلىشى كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ تائالا بىر كىشىنىڭ خاتالىقىنى دۇنيادا ياپقان بولسا، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇنى ياپىدۇ». [مۇسلىم رىۋايىتى 2590-ھەدىس].

بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيادا خاتالىقىغا تەۋبە قىلغۇچىغا بەرگەن خوش بىشارىتى بولۇپ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇنىڭ خاتالىقىنى ياپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەدىسىمۇ مۇشۇ مەنا تەكىتلەنگەن. بۇ توغرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولۇپ، مەن ئۇ ئىشلارغا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ تائالا ئىسلامدا نېسىۋىسى بولغان كىشىنى ئىسلامدا نېسىۋىسى بولمىغان كىشىگە ئوخشاش قىلمايدۇ، ئىسلامنىڭ نېسىۋىسى ئۈچ

تۆرلۈك بولۇپ، ناماز، روزا ۋە زاكاتتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا دۇنيادا ئىشلىرىغا ئىگە بولغان كىشىنى قىيامەت كۈنىدە باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تاشلاپ قويمايدۇ. يەنى قىيامەتتىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولىدۇ، بىر كىشى دۇنيادا بىر جامائەتنى ياخشى كۆرىدىكەن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى شۇ جامائەت بىلەن بىرگە قىلىدۇ. تۆتىنچى بىر ئىش بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئىشقا قەسەم قىلسام گۇناھكار بولمايمەن. ئاللاھ تائالا دۇنيادا بىر بەندىنىڭ خاتالىقىنى ياپىدىكەن، ئۇ كىشى تەۋبە قىلسا، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇ كىشىنى ئۆز مەغپىرىتى بىلەن ياپىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا قىلمايدۇ.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 23968-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 1387-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خاتالىقنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ناچار ئىشتىن يىراق بولۇڭلار، شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەن كىشى، ئاللاھنىڭ يېپىشى بىلەن خاتالىقىنى ياپسۇن». [بەيھەقى رىۋايىتى، شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 663-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

سوئال سورىغۇچىغا: ئىمتىھاندا كۆز بويامچىلىق قىلغان كىشى قىلمىشىغا تەۋبە قىلسۇن، بۇ ئىشنى قايتا تەكرارلىمىسۇن، ئۆزىنى ئاشكارا قىلمىسۇن.

ئەگەر سىز سوئالنىڭ جاۋابىنى ساۋاقداشىڭىزدىن سورىماستىن ۋە تەلەپ قىلماستىن ئۇنىڭ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قىلىپ يازغان بولسىڭىز، بۇ كۆز بويامچىلىق ھېسابلانمايدۇ، ئاللاھ خالىسا سىز تەلەپ قىلماستىن ۋە كۆچۈرۈشكە ئۇرۇنماستىن ئاڭلاپ يازغىنىڭىزغا گۇناھ بولمايدۇ.

ئەمما سوئالدا بايان قىلىنغان ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان دۇئاسىغا كەلسەك، بىزنىڭ قارىشىمىزدا ئوقۇتقۇچى دۇئادا ئۆز دائىرىسىدىن چەتنەپ كېتىپتۇ، كۆز بويامچىلىق ئوقۇتقۇچىغا خاس بولغان ياكى ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ھەق ئەمەس، بەلكى كۆز بويامچىلىق ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ياكى ئەپۇ قىلماسلىقىغا ئالاقىدار ئەمەس، ئەگەر ئوقۇتقۇچى دۇئادا: ئاللاھ تائالا كۆز بويامچىلىق قىلغان ئوقۇغۇچىنى كۆز ئالدىدا ئاشكارا قىلىپ بەرگەي دەپ توختىغان بولسا ئىدى، بۇ ئىشنىڭ يولى ئىدى، لېكىن ئۇ دۇئادا مۇشۇنداق ئورۇنلاردا تەلەپ قىلىنىدىغان دائىرىدىن بەك ئۆتۈپ كەتتى، بەلكى ئوقۇتقۇچى بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قورقۇتۇش ۋە كۆز بويامچىلىقتىن چېكىندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ، ئۇنىڭ ۋە باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلغاي.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.